سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى بېيجىڭدا باشلاندى

## لى كېچياڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى ۋاڭ خۇنىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، «ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەت —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى»نىڭ باشلىنىش مۇراسىمى بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، باشلىنىش مۇراسىمى باشلاندى. پۈتۈن مەيداندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى ياڭرىدى.

لى كېچياڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆرگەزمىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى ئورناتقانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئاچقانلىقى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتقانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلدى. كۆرگەزمىدە يولداش ماۋ زېدوڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، يولداش جياڭ زېمىن، يولداش خۇ جىنتاۋ ئاساسلىق ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تارىخ يارىتىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ جان تىكىپ ئېلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا بىر - بىرلەپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىندى؛ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ئالغا سىلجىتىلىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ماس ئالغا سىلجىتىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىندى. كۆرگەزمىدە 70 يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا زېمىنىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر سادىقلىق بىلەن خاتىرىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ دۇنيادا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆرلىگەنلىكى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىر كۈچىنىڭ سىجىل ئېشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا تېگىشلىك پايدىلىق تۆھپە قوشقانلىقى جانلىق كۆرسىتىلدى.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: 70 يىللىق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر بىزنى ئىنتايىن پەخىرلەندۈرىدۇ، يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىزنىڭ ھەسسىلەپ تىرىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زېھىن - كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەش ۋە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى يارىتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۇزاق مۇددەت تۇرىدۇ، يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، تەرەققىيات دۆلىتىمىزدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئاچقۇچى. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئايلىنىشنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتى بەرپا قىلىپ، بازارنىڭ سۇبيېكتلىق ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوزغىتىشىمىز كېرەك. ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆچەيتىش بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى. تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىل، ھەققانىي بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: ئۇلۇغ ئىشلار داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئەمەلىي ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلىتىمىزنى باي، دېموكراتىك، مەدەنىي ۋە ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك!

شۈ چىلياڭ، ياڭ جيېچى، خۇاڭ كۈنمىڭ، سەي چى، ۋاڭ دۇڭمىڭ، شياۋ جيې، جاۋ كېجى، لىۋ چىباۋ، خې لىفېڭ، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

مەركەز پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ تەخمىنەن 1000 كىشى باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى مۇقەددىمە زالى، شەرقتە قەد كۆتۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، گۈللىنىشكە يۈزلىنىش، كىشىلىك دۇنيادىكى توغرا يولدىن ئىبارەت بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

# «ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەت —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى»نى ئېچىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش

«ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەت —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى» 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا رەسمىي باشلاندى، 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ ئاممىغا ئېچىۋېتىلىدۇ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشىنى قارشى ئالىمىز. ھازىر ئالاقىدار ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

1. كۆرگەزمىخانىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى ھەر كۈنى سائەت 9 دىن 17 گىچە، كۆرگەزمىخانا تاقىلىشتىن بىر سائەت بۇرۇن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش، كۆرگەزمىخانىغا كىرىش توختىتىلىدۇ. كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋاقتىنىڭ 1.5 سائەت بولۇشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

2. تاماشىبىنلار ئۆزىنىڭ كىملىكى (ئوفىتسېرلىق كىنىشكىسى، پاسپورتى، نوپۇس دەپتىرى قاتارلىقلار)نى ئېلىپ بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسى مەدەنىيەت مەيدانىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى «بىلەت ئېلىش ئورنى»دىن شۇ كۈنلۈك ئىشىك بېلىتىنى ئېلىپ، ئاگاھلىق ھالدا بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۆرگەزمىخانىغا كىرىدۇ (كۆرگەزمىدە توردا ئالدىن كېلىشىش يولى تەسىس قىلىنمىدى).

3. دۆلەت بايرىمىدىن ئىلگىرى، بىر قانچە مەخسۇس مەيدان ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ، شۇ چاغدا كۆرگەزمىخانا ۋاقىتلىق تاقىلىدۇ. كونكرېت ئېچىلىش ۋاقتى: 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋە 26 - كۈنى پۈتۈن كۈن، 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاممىغا ئېچىۋېتىلىدۇ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۆرگەزمە بىر كۈن ۋاقىتنچە توختىتىلىدۇ، 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن كېيىن نورمال ئېچىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال كۆرۈلگەندە ئايرىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ، ۋاقتىدا دىققەت قىلغايسىلەر.

4. مەنئى قىلىنىدىغان، چەكلىنىدىغان ھەر قانداق بۇيۇمنى ئېلىپ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ، كۆرگەزمىخانا ئىچىدە تاماكا چېكىش قاتتىق چەكلىنىدۇ، ئوت ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. يېمەكلىك، ئىچىملىك، قەلەم، ئۆزىنى ئۆزى سۈرەتكە تارتىش تايىقى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر 40 سانتىمېتىر × 30 سانتىمېتىردىن چوڭ سومكىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، سومكىنى ساقلاشقا بېرىپ كۆرگەزمىخانىغا كىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش كېرەك.

5. ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا، يېنىدا ئېلىۋالغان بۇيۇملارغا ياخشى قاراشقا دىققەت قىلىپ، كۆرگەزمە ئېچىۋېتىلگەن رايون ئىچىدە خىزمەتچى خادىملارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەرتىپلىك ھالدا كۆرگەزمىنى كۆرۈش كېرەك، ئېچىۋېتىلمىگەن رايونغا كىرىش قاتتىق چەكلىنىدۇ، تاسادىپىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە، نەق مەيداندىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش، جىددىي تارقىلىپ، خەتەردىن ساقلىنىش كېرەك.

6. بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىنىڭ ئەتراپىدا چوڭ تىپتىكى جەمئىيەت ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى بىر قەدەر ئاز، ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇپ كۆرگەزمىنى كۆرگىلى بېرىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

7. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن باشلاپ، جەمئىيەتتىكى ئامما چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىنىڭ تور كۆرگەزمىخانىسى (guoqing70.cctv.com)نى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، خالىغان ۋاقىت، خالىغان جايدا كۆرگەزمىنى ھېس قىلسا، مۇۋەپپەقىيەتلەردىن تەسىرات ئالسا، قالتىس ئىشلارنى قايتا ئەسلىسە بولىدۇ.

تاماشىبىنلارنىڭ كۆرگەزمىنى خۇشال - خۇرام ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا تىلەكداشمىز.

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ**
**70 يىللىقىنى تەبرىكلەش**
**چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى**
**رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى**
**2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى**
**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 66 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيېيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 66 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى، يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىپ، نازارەتچىلىك مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نازارەتچىلىك ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەم نازارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەم نازارەت قىلىشقا ماھىر بولۇپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ نۇقتىسى ۋە سالمىقىنى توغرا ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى جەزمەن پۇختا ئىگىلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىزام چىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىكى ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، گەۋدىلەندۈرۈپ، يەرلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەدبىرلىرىنى قانۇن بويىچە جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت قانۇنچىلىقىنىڭ بىردەكلىكى ۋە نوپۇزىنى قوغداپ، چىقىرىلغان ھەربىر تۈرلۈك نىزامنىڭ ئەمەلىيەت، خەلق، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىنى قوللاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنىڭ مۇھىم نامايەندىسى، ۋەكىللەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت ۋە كاپالەت خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشنى ۋەكىللىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئاساسىي تەلەپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، خەلقنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ساپاسى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرىي يولداشلىرى بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىغا كېلىپ، كۆرگەزمە زالىغا كىرىپ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. كۆرگەزمىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئېچىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش باش تېما، يىلنامە تۈزۈش ئۇسلۇبى ۋاقىت ئاساسىي لىنىيەسى قىلىنىپ، بەش قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ لايىھەلەنگەن ھەم ھەر قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە مۇھىم مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنلىرى، بەش يىللىق يىرىك پىلان (پىلان) قاتارلىق جەھەتلەردىكى باسقۇچ ھالقىغان ئاساسىي لىنىيەلەر نامايان قىلىنغان، 150 «يېڭى جۇڭگودىكى بىرىنچى» تاللاپ كۆرگەزمە قىلىنغان، ھەر ئۇن يىللىق قەھرىمان، نەمۇنىچى شەخسلەر تېمى تەسىس قىلىنغان، ئاكۇستىك فوتوئېلېكتىر قاتارلىق كۆپ ۋاستىلىك پەن - تېخنىكىلىق كۆرگەزمە قىلىش ۋاستىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ قۇدرەت تېپىشقا بەلنى مەھكەم باغلاپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ ئۇلۇغ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان سىياسىي ئەۋزەللىكى روشەن نامايان قىلىنغان، يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭقۇر داۋلى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇش مۇراسىمىدىكى تارىخىي پەيتلەر خاتىرىلەنگەن ئۈن - سىن، يېڭى جۇڭگودا قۇرۇلغان تۇنجى تۆمۈريول چىگىدۇ - جۇڭچىڭ تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلانغانلىقى خاتىرىلەنگەن قاپارتما نەقىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى بارلىق قانۇنلۇق ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دەقىقىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەت، 1977 - يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۆزگەرگەنلىكى مەزمۇن قىلىنغان كۆرۈنۈش، ئەنخۇي شياۋگاڭ كەنتىدىكى 18 دېھقاننىڭ «چوڭ ھۆددىگەرلىك» توختامىغا قىزىل بارماق ئىزىنى بېسىۋاتقانلىقى نامايان قىلىنغان ئۈچپە سۈرەت، شاڭخەي پۇدۇڭنىڭ ئېچىلىپ، ئېچىۋېتىلىپ كونا قىياپىتىنىڭ يېڭىلانغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىن كۆرۈنۈشى، 1998 - يىلدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغانلىقى نامايان قىلىنغان كۆرۈنۈش، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەنتەنىلىك ئەھۋالى قايتا نامايان قىلىنغان نۇر سايىلىك لايىھە، جۇڭگو ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئاچقان تۇنجى تېز نېيترون رېئاكتورى مودېلى، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇساپىسى نامايان قىلىنغان چوشەندۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، «سوزۇق سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق»نىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى نامايان قىلىنغان قۇم مودېلى، خەلق ئارمىيەسى ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى نامايان قىلىنغان كۆرگەزمە تاختىسى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى يېڭى ئىلگىرىلەشلەر نامايان قىلىنغان ھەققىي مەنزىرە، رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تەسۋىرلەنگەن خەرىتە، تەقلىدىي ئاي شارى ئاپتوموبىلى، «تيەنيەن» قاتارلىقلارنىڭ مودېلى، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دېڭىز ھالقىغان چوڭ كۆۋرۈك - شياڭگاڭ - جۇخەي - ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ مودېلى، ھەر تەرەپلىمە دىپلوماتىيە نامايان قىلىنغان كۆرگەزمە تاختىسى... كۆرگەزمە كاردورى خۇددى ۋاقىت تونېلىغا ئوخشايتتى، قاتار - قاتار سۈرەتلىك كۆرگەزمە تاختىلىرى، بىر قاتار ئەمەلىي بۇيۇم مودېللىرى، بۆلەك - بۆلەك سىن ماتېرىياللىرى، تۈرلۈك ھەمتۈرتكىلىك سىناقلار شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دىققەت نەزەرىنى تارتتى، ئۇلار پات - پات قەدىمىنى توختىتىپ كۆردى، چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى سورىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ دېھقانلار ۋە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلاردىن سەممىمىي ھال سوردى ھەم مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا قانىلىدا رەسمىي كۆرستىش باشلىغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەتىيازدا تېرىغاندا، كۈزدە ھوسۇل ئېلىنىدۇ، تىرىشقانلار مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى پۇختا بولسا، تەرەققىيات ئىشەنچى يېتەرلىك بولىدۇ. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كەڭ دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىكى سېپىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى. بۇ يەردە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ دېھقانلار ۋە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلاردىن سەممىمىي ھال سورايمەن.

شى جىنپىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا قانىلىدا رەسمىي كۆرستىش باشلىغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى زور سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى كەيپىياتى، يېڭى قىياپىتىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، يېزىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، دېھقانلارغا كۆيۈنىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى جاۋاب بېرىشى بىلەن، 2018 - يىلدىن باشلاپ دۆلىتىمىز ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە كۈزلۈك كۈن - تۈن تەڭلەشكەن كۈنى «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى» قىلىپ بېكىتتى، بۇ، دۆلىتىمىز دۆلەت قاتلىمىدىن دېھقانلار ئۈچۈن تەسىس قىلغان تۇنجى بايرام. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېزا قانىلى دۆلىتىمىزدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا يۈزلەندۈرۈلگەن تۇنجى دۆلەت دەرىجىلىك پۈتۈن تاراتقۇ قانىلى، ئۇ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە گۈزەل جۇڭگو قۇرۇش قاتارلىقلارنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان بولۇپ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەسمىي كۆرستىشنى باشلىدى، ھەر كۈنى 18 سائەت كۆرستىدۇ.